# شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىرلىكتە جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە، باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ئىشەنچنى ئۇل تاش قىلىپ، ئۆزئارا ئىستراتېگىيەلىك تايىنىشنى مۇستەھكەملەپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. مەنپەئەت يۇغۇرۇلۇشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق مەنپەئەت رىشتىنى چىڭىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ياۋروپا - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش كېرەك. ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئەلرايى ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىككى دۆلەت جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى جايلارنى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئورتاق يەتكۈزۈش كېرەك. تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، نەتىجە يارىتىپ، قول تۇتۇشۇپ دۇنيانىڭ تىنچلىقى، خاتىرجەملىكىنى قوغداپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قەتئىي قوغداپ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق ھالدا تېخىمۇ گۈللەنگەن، مۇقىم، ئادىل، ھەققانىي دۇنيا قۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 70 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، جۇڭگو - رۇسىيە كۆچۈپ كېتەلمەيدىغان ياخشى قوشنىلار، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ھەقىقىي ھەمراھلاردۇر. بىز دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىمىزنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى!

پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزىگە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

ئارقىدىنلا، شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىن بىرلىكتە «خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆزئارا تۈرتكە بولۇۋاتقان جۇڭگو - رۇسىيە» ئادەمىيەت ئالاقىسى باش تېما پائالىيىتىنىڭ قىسقا سىن فىلىمىنى كۆردى ھەم جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەت سەنئەتكارلىرى بىرلىكتە ئورۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنىدىن ھۇزۇرلاندى.

ئويۇن «ئازادە كوچىنى بويلاپ» ناملىق رۇسىيە خەلق ناخشىسى بىلەن باشلاندى. مول مەزمۇنلۇق جۇڭگو مىللىي سىمفونىيەلىك مۇزىكا «تەبرىكلەش مۇقەددىمىسى»دە خۇشال، ئىناق بايرام مەنزىرىسى نامايان قىلىندى. جۇڭگو - رۇسىيە سەنئەتكارلىرى جۇڭگو مۇزىكىسى «مولىخۇا» ۋە رۇسىيە مۇزىكىسى «قىزىل مېيخۇا گۈلى ئېچىلدى»نى بىرلىكتە ئورۇنلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا مەدھىيە ئوقۇدى. «شەرقتىن كەلگەن بەخت تىلىكى» چوڭقۇر مەنىگە ئىگە مۇزىكىلىق كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلدى. ئويۇن «كارىنكا» ناملىق رۇسىيە مىللىي مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زاتلاردىن تەخمىنەن 1600 كىشى قاتناشتى.

خاتىرىلەش يىغىنىدىن ئىلگىرى، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىرلىكتە جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئائىت سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ياخشى يەتكۈزۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

سائەت 20دىن 15 مىنۇتلار ئۆتكەندە، رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇۋاتقان دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ پۇتىن زۇڭتۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسىغا كېلىپ، مۈشۈكئېيىق سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مۈشۈكئېيىق سارىيىدا، دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاقچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ جيەنلۇڭ، موسكۋا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى سوبيانىن، موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ باغچە باشلىقى ئاكلوۋا رەئىس شى جىنپىڭغا بۇ ئىككى جۇڭگو چوڭ مۈشۈكئېيىقنىڭ ياشاش ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسى مۈشۈكئېيىق سارىيىدا «دىڭ دىڭ» بىلەن «رۇ يى»نىڭ ھەربىرىگە بىر يۈرۈش ئىككى ياتاقلىق، بىر مېھمانخانىلىق «چوڭ يۇرۇشلۇك ئۆي» تەييارلاپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېيىش، ئۇخلاش، ئويناش ئېھتىياجى تولۇق قاندۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ھايۋاناتلار باغچىسى يەنە يېمەكلىك تەييارلاش ئۆيى، بامبۇكنى يېڭى پېتى ساقلاش ئۆيى، نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش ئۆيى سەپلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ياخشى فىزىيولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق ھالەتنى ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغانىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم ئارىلاپ سوئال سورىدى.

ئىككى رەھبەر مۈشۈكئېيىق سارىيىدىن چىققاندا، سىرتتا ساقلاپ تۇرغان 30دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە رۇسىيەلىك كىچىك دوست ئۇلارنى دەرھال ئارىغا ئېلىۋالدى.

جۇڭگولۇق كىچىك دوستلار رەئىس شى جىنپىڭدىن «شى بوۋا ياخشىمۇ سىز!» دەپ ئەھۋال سورىدى ھەم رۇس تىلىدا زۇڭتۇڭ پۇتىندىن ئەھۋال سورىدى.

رۇسىيەلىك كىچىك دوستلار خەنزۇ تىلىدا رەئىس شى جىنپىڭدىن «ياخشىمۇ سىز!» دەپ ئەھۋال سورىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بالىلار بىلەن «ياخشىمۇ سىلەر!» دەپ سالاملاشتى.

ئىككى رەھبەر بالىلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

بالىلار قولىدا مۈشۈكئېيىق قونچىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ مەنزىرە، بۇ كۆرۈنۈش شۇ قەدەر ئىللىق ئىدى.

سىرتتىكى قىزغىن كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىمۇ قانداق، «دىڭ دىڭ» بىلەن «رۇ يى»نىڭ كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى بولۇپ، سەۋزىنى تېخىمۇ ئىشتىھا بىلەن چايناپ، ئوماق قىلىقلارنى چىقىرىپ، مۇشۇنداق يېقىملىق، راھەت، ئىناق باش ياز كېچىسىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

بۇ، بۇ ئىككى «جۇڭگو - رۇسىيە دوستلۇق ئەلچىسى»نىڭ رۇسىيەدە تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئۆزىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

رەئىس شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولۇپ مۈشۈكئېيىق سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشتىن ئىلگىرى، پۇتىن زۇڭتۇڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «دىڭ دىڭ» بىلەن «رۇ يى»نىڭ موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسىغا ماكانلاشقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. «بىز مۈشۈكئېيىقنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ھەمىشە چىرايىمىزدا كۈلكە جىلۋىلىنىدۇ. جۇڭگو 〈دۆلەت گۆھىرى〉 بولغان مۈشۈكئېيىقنى بۇ يەرگە يەتكۈزدى، ئۇلار بىز ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا گۇۋاھ بولىدۇ».

شۇ كۈنى كەچتە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشقاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «دىڭ دىڭ» بىلەن «رۇ يى» موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسىغا ماكانلىشىپ، رۇسىيە خەلقىگە، بولۇپمۇ كىچىك دوستلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەت خەلقى دوستلۇقىنىڭ يەنە بىر داستانىغا ئايلىنىدۇ. «كېيىنكى قەدەمدە، بىز مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت، تاراتقۇ، ياشلار قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ خەلق كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىدىغان، خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايدىغان، ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەت جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى جايلارنى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەتنى يۇرۇشتۇرۇش، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئورتاق يەتكۈزىمىز».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگوڭتىڭى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى

# «پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلقنى رازى قىلىدىغان» نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپې** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگوڭتىڭى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بەنگوڭتىڭدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە قانات يايدۇرۇپ، پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، كونكرېت نىشانى ۋە ئۇسۇل، قەدەم - باسقۇچلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى 1 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، بەنگوڭتىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ «پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلقنى رازى قىلىدىغان» نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىش كېرەك.

### ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى

# سادىقلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ گوفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى سىياسىي ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيە ئىچىدە نازارەت قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ رېۋىزىيە مەخسۇس مەسئۇل ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى قوغداشتا، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى ئۆگىنىش - تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قائىدىنى چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئېتىقادنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا نامايان قىلىشى؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى؛ پىكىر - تەكلىپلەرنى تولۇق ئاڭلاپ، مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، تۈر بويىچە بىرمۇبىر تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتتى

## 220 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ

مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 2019 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ھەرقايسى ئىمتىھان رايونلىرىدىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۆيى، ئىمتىھان نۇقتىسى ھەم ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئەھۋالى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كەڭ ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە چېتىلىدۇ، ئاپتونوم رايون مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار كىرىزىس ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى خىزمەتلەرگە قارىتا قايتا رەتلەش، قايتا تەكشۈرۈش، قايتا مۇستەھكەملەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، «تىنچ - ئامان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىمتىھان بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىمتىھان قەغىزى، ئىمتىھان مەيدانى ۋە مەكتەپ قورۇسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمتىھان قەغىزىنىڭ بىخەتەرلىكى، مەخپىيلىكىنىڭ نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەرلىك، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىدە يوچۇق قالدۇرماسلىق، چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ ئىمتىھان ئىستىلى، ئىمتىھان ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، شايىكا تەشكىللەپ كۆز بويامچىلىق قىلىش، ھازىرقى زامان يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئىمتىھاندا ساختىلىق قىلىش قاتارلىق ئېغىر كۆز بويامچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى كېرەك؛ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئىمتىھانىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىللىق، ئىناق ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 220 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ، جەمئىي 76 ئىمتىھان رايونى، 210 ئىمتىھان نۇقتىسى، 8522 ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 19 شەھەر، 57 ناھىيەگە تارقالغان. مائارىپ مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون «تىنچ - ئامان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىخەتەرلىك خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى، دۆلەت مائارىپ ئىمتىھان مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ئەزا ئورۇنلارنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ۋە ھەرقايسى ئىمتىھان رايونلىرىنىڭ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇردى، ۋەزىپىنى ئىنچىكىلەشتۈردى، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىمتىھان مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى سەممىيەت تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن پۈتۈن كۈچ بىلەن «تىنچ - ئامان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «ئاشكارا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «سەممىي ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى»نى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىمتىھان بېرىدىغان مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى چوڭ خەتلىك ئىمتىھان قەغىزى، ئىمتىھان نۇقتىسى، ئىمتىھان مەيدانىغا ئالدىن كىرىش، ئايرىم ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىپ بېرىش، بارماق تىلى تەرجىمانى سەپلەپ بېرىش قاتارلىق قولايلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتتى.

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

# باش تېما تەربىيەسىنىڭ مول نەتىجە - ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئورگاننىڭ باش تېما تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە ھەرىكەتكە كېلىپ، قاتتىق بولۇپ، ئەمەلىي بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ مول نەتىجە - ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىش كېرەك؛ پەرقلەرنى تېپىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا سېلىشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا سېلىشتۇرۇپ، نىشانلىق تۈزىتىش كېرەك؛ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ، ئورگان پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ بو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.